# ئىستىقلال ئاۋازى

دېكابىر 2024
ئومۇمىي 53- سان

## سۈرىيەدىكى ئۇيغۇرلار دۇنيانىڭ دىققەت نۇقتىسىغا ئايلاندى

كانادا خىتاينىڭ سەككىز ئەمەلدارىغا جازا يۈرگۈزدى
23-بەت

دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك يېزىلغانلىقىنىڭ 950 يىللىقى ب د ت نىڭ خاتىرىلەش تىزىملىكىدە
35-بەت

ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ دوكلاتىدا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى
41-بەت




ISTIQLAL



## باش مۇھەررىر

ئابدۇلۋارىس
ئابدۇلخالىق

ئىنسانىيەت 21-ئەسىرگە كىرىش بىلەن تەڭ ئۇچۇر ۋە ئىنتېرنېت دەۋرىگە قەدەم قويدى. ئاخبارات، مائارىپ، ئالاقە ساھەسىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ھەرقانداق ئۇچۇر-مەلۇماتلار چاقماق تېزلىكىدە دۇنيانىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە تارقاپ، كىشلەرنىڭ ئىدىيەسىگە، پىكىر-چۈشەنچىلىرىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان بولدى.

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى 70 نەچچە يىللىق ئىشغالىيىتى داۋامىدا باستۇرۇش سىياسىتىنى بىر مىنۇتمۇ توختاتماستىن ئىجرا قىلىپلا قالماي، بارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىنى كونترول قىلىپ، پەقەت ئۆزىنىڭ يالغان تەشۋىقاتى ئۈچۈن ئىشلەتتى. شەرقىي تۈركىستان خەلقى بولسا ئاخبارات ۋە مەتبۇئات ئەركىنلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ھوقۇقلىرىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قالدۇرۇلۇپ، سىرتقى دۇنيا بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن ھالەتتە ياشماقتا. خىتاي يېقىنقى يىللار مابەينىدە يەنە شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە سىستېمىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش بىلەن بىرگە، غايەت زور خىراجەت ئاجرىتىپ، خەلقئارادىكى ئاخبارات، تەشۋىقات كۈچىنى كېڭەيتىشكە، بۇ ئارقىلىق ئۆز جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇشقا، ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنماقتا.

ئۇيغۇرچە، تۈركچە، ئەرەبچە ۋە ئىنگلىزچە تۆت تىلدا تارقىتىلىۋاتقان «ئىستىقلال ئاۋازى» ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلىمىزدا شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىگە ئالاقىدار مۇھىم، ئىشەنچلىك خەۋەرلەر، ئانالىزلار ۋە دوكلاتلار ئورۇن ئالغان بولۇپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى پاش قىلىش ۋە ساختا تەشۋىقاتلىرىنى ئېچىپ تاشلاشنى نىشان قىلىدۇ.

# ISTIQLAL

**باش مۇھەررىر**

ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق

**خەۋەر تەييارلىغۇچى**

ئابدۇخەبەر رەجەپ

**تەھرىر**

ي. قۇرۇم

**لايىھەلىگۈچى**

ئا. ئوغۇز

**كارىكاتۇر**

رادۋا ئادىل

**نەشر قىلغۇچى ئورۇن**

شەرقىي تۈركىستان
ئاخبارات ۋە مېدىيا
جەمئىيىتى

**نەشر تۈرى**

ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

**ئادرېس**

Kartaltepe Mah. Geçit Sok.
No: 6 Dükkan 2 Sefaköy
Küçükçekmece İSTANBUL

1 بايدېن ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ ئۆزەك سانائىتىگە تېخمۇ كۆپ چەكلىمىلەرنى قويدى

3 ئىستانبۇلدا دىنىي ئىلىملەر ئوقۇغۇچىلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

5 ئامېرىكا-خىتاي مەھبۇسلارنى ئالماشتۇرۇش ھەرىكىتىدە ئۈچ ئۇيغۇر قويۇپ بېرىلدى

7 مالايشىيادىكى خەلقئارالىق يىغىندا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ئاساسلىق تېما بولدى

9 خىتاي بېنگال مۇسۇلمانلىرىنىڭ كۆزىنى بوياشقا ئۇرۇندى

11 خىتاي شىركىتى TİKTOK نىڭ نارازىلىق ئەرزى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى

13 سۈرىيەدە 21 يىل داۋاملاشقان ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى ئاخىرلاشتى

19 دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى كۈنىدە شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىنىڭ يىللىق دوكلاتى ئېلان قىلىندى











Report: Despite Corruption Problems, China Progresses Toward Modernization

Dec. 18, 2024 | DOD News |

The Defense Department today released the annual "Military and Security Developments Involving the People's Republic of China" report, a congressionally mandated annual report that offers insight into the capabilities, strategies and goals of China and its military.

Of note in this year's report is a rise in corruption within the People's Liberation Army, China's efforts to curtail that corruption, and how that corruption might affect the PRC's ambitions.

MILITARY AND SECURITY DEVELOPMENTS INVOLVING THE PEOPLE'S REPUBLIC OF CHINA 2024

"I think the [intensity] of the anti-corruption hunt is reflective of a serious concern that this is having serious problems," said Ely Ratner, assistant secretary of defense for Indo-Pacific security affairs, while speaking today at the Center for Strategic and International Studies in Washington. "I think there are questions about the overall effect on the PLA and the whole way in which corruption reverberates through the entire system and what that means."

The corruption touches every service in the PLA, the report notes, and Xi Jinping, China's president, has made rooting out corruption in the military a focus of his tenure since taking

21 «رابىيە قادىر سودا سارىيى»نىڭ چىقىۋېتىلگەنلىكى دەلىللەندى

23 كانادا ختاينىڭ سەككىز ئەمەلدارىغا جازا يۈرگۈزدى

25 ختاي ئاتالمىش «شىنجاڭغا ياردەم بېرىش» نامىدا مەجبۇرىي ئەمگەك كۆلىمىنى كېڭەيتمەكتە

27 ئەنگلىيە تاراتقۇسى: سۈرىيەدىكى ئۇيغۇر جەڭچىلىرى ختايغا قارشى قەسەم قىلدى

29 ختاينىڭ سودا پاراخوتى نەچچە ھەپتىدىن بېرى تۇتۇپ تۇرۇلماقتا

31 ختاي مەجبۇرىي ئەمگەك مەسىلىسىدە خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداشقا ئۇرۇندى

33 ختاي باياناتچىسى: ئەتراپتىكى تېررورلۇق كۈچلىرى قايتا سىڭىپ كىرىشكە ئۇرۇنۇۋاتىدۇ

35 دېۋانۇ لۇغاتىت تۈرك يېزىلغانلىقىنىڭ 590 يىللىقى ب د ت نىڭ خاتىرىلەش تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى

37 ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكى ھەققىدە يەنە بىر زور ھەجىملىك دوكلات ئېلان قىلىندى

39 ئامېرىكىنىڭ يىللىق دوكلاتى ختاينىڭ تۈرلۈك جىنايەتلىرىگە مەركەزلەشتى

41 ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ دوكلاتىدا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە ئالاھىدە ئورۇن بېرىلدى

45 ختاي كانادانىڭ سەككىز ختاي ئەمەلدارىنى جازالىغانلىقىغا قارشى ئۆچ ئالدى

47 داخۇا شىركىتى شەرقىي تۈركىستاندىن چېكىنىپ چىقتى

49 ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ باش ئىجراچىلىرىدىن بىرى بولغان چېن مىڭگونىڭ ئەملى ئۆستۈرۈلدى


51 شەرقىي تۈركىستاندىن قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستانغا تۇتاشتۇرۇلىدىغان تۆمۈر يول تۈرى قوزغىتىلدى

53 ئۇيغۇر قوماندان سۈرىيەدە دېۋىزىيە گېنېراللىقىغا تەيىنلەندى

55 ختاي خوتەن ۋىلايىتىدە يېڭىدىن ئىككى ناھىيە تەسىس قىلدى

57 ساكارىيا ئۇنىۋېرسىتېتىدا شەرقىي تۈركىستان تېمىسىدىكى يىغىنىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشىغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزۈلدى

60 شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ 11-قېتىملىق شۇرا يىغىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتى



# بايدېن ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ ئۆزەك سانائىتىگە تېخىمۇ كۆپ چەكلىمىلەرنى قويدى

**بايدېن ھۆكۈمىتى 2-دېكابىر ھەربىي تېخنىكا ۋە سۈنئىي ئەقىل تېخنىكىسىغا كېرەكلىك ئىلغار ئۆزەكلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، خىتايغا قارىتا ئىلغار تېخنىكا ئېكسپورتى چەكلىمىلىرىنى كېڭەيتىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.**

نيۇيورك ۋاقىت گېزىتىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، بۇ چەكلەش تەدبىرلىرى خىتايغا بىر قىسىم ئۆزەك ۋە ماشىنىلارنىڭ سېتىلىشىنى چەكلىگەندىن باشقا، 100 دىن ئارتۇق خىتاي شىركىتىنى سودا چەكلىمىسى تىزىملىكىگە كىرگۈزىدىكەن. بۇ ھەرىكەت بايدېن ھۆكۈمىتىنىڭ يېقىنقى ئۈچ يىلدا خىتاينى دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار تېخنىكىدىن ئايرىۋېتىشنى مەقسەت قىلىدىغان بىر يۈرۈش قائىدە-نىزاملارنى ئۈچىنچى قېتىم يېڭىلىشى ھېسابلىنىدىكەن.

بۇ قائىدىلەر يەنە كېلەر ئايدا دونالد ترامپنىڭ پرېزىدېنتلىق ۋەزىپىسىگە



ئولتۇرۇشىدىن ئىلگىرى بايدېن هۆكۈمىتىنىڭ خىتاي تېخنىكىسىنى نىشانلىغان ئەڭ ئاخىرقى تەدبىرى بولۇشى مۇمكىن ئىكەن.

ئامېرىكا سودا مىنىستىرى رايموندو يەكشەنبە كۈندىكى مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا مۇخبىرغا: «بۇ هەرىكەت ئامېرىكىنىڭ خىتاينىڭ هەربىي ئىشلىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىكى ئەڭ ئىلغار ئۆزەك ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۈچۈن قوللانغان ئەڭ قاتتىق كونترول تەدبىرلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. هۆكۈمەت مۇتەخەسسىسلەر، كەسىپ ساهەسىدىكىلەر ۋە ئىتتىپاقداشلار بىلەن يېقىندىن هەمكارلىشىپ، بۇ هەرىكەتنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىنى قوغدىشىغا، شۇنداقلا كۈتۈلمىگەن سودا ئاقىۋىتىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىدۇ» دېگەن.

ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك خادىملىرىنىڭ ئېيتىشىچە، خىتاينىڭ ئىلغار كومپيۇتېر ئۆزىكىنى سېتىۋېلىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئامېرىكىغا تەهدىت ئېلىپ كېلىدىكەن. بۇ ئۆزەكلەر تور هۇجۇمى قوزغاش، يېڭى قورال لايىهەلەش، كۆزىتىش سىستېمىسى بەرپا قىلىش ۋە ئارمىيەنىڭ چەت ئەل هۇجۇمىغا توغرا ۋە تېز ئىنكاس قايتۇرۇش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرەلەيدىغان سۈنئىي ئەقىل ۋە دەرىجىدىن تاشقىرى كومپيۇتېرنى هەرىكەتلەندۈرۈشتە ئىنتايىن مۇهىم ئىكەن.

# ئىستانبۇلدا دىنىي ئىلىملەر ئوقۇغۇچىلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى



**30-نويابىر ئىستانبۇلغا جايلاشقان ساباھاتتىن زايىم ئۇنىۋېرسىتېتىدا دىنىي ئىلىملەر كەسپىدىكى شەرقىي تۈركىستانلىق ماگىستىر ۋە دوكتورانتلارنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.**

مەزكۇر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، تۈركىيەدىكى ئوخشىمىغان ئۇنىۋېرسىتېتلاردا دىنىي ئىلىملەر بويىچە ماگىستىرلىق ياكى دوكتورلۇق ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان




12 ئوقۇغۇچى تەپسىر، ھەدىس، ئىسلام قانۇنشۇناسلىقى (فىقھى), مەزھەپلەر تارىخى، قىرائەت ئىلمى ۋە دىنىي مائارىپ، تارىخ قاتارلىق ساھەلەر بويىچە ئۆزىنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرىنى تەقدىم قىلدى.

ئوقۇغۇچىلار تۆت گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، تەرتىپ بويىچە لېكسىيە سۇنغان بولۇپ، ھەربىر باسقۇچ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، يىغىن ئىشتىراكچىلىرىنىڭ تېمىغا ئالاقىدار سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى.

يىغىنغا ئۆلىمالار، ئوقۇغۇچىلار ۋە ئىستانبۇلدا ياشاۋاتقان بىر تۈركۈم ئۇيغۇر خەلقى ئىشتىراك قىلدى. بىر كۈن داۋاملاشقان يىغىننىڭ ئاخىرىدا، ماقالە سۇنغان ئوقۇغۇچىلارغا تەقدىرنامە تارقىتىپ بېرىلدى.



# ئامېرىكا-خىتاي مەھبۇسلارنى ئالماشتۇرۇش ھەرىكىتىدە ئۈچ ئۇيغۇر قويۇپ بېرىلدى



**ئامېرىكا-خىتاي مەھبۇسلارنى ئالماشتۇرۇش كېلىشىمىگە ئاساسەن ئىجرا قىلىنغان مەخپىي ھەرىكەتتە ئۈچ ئۇيغۇرنىڭ چەت ئەلگە چىقىشقا رۇخسەت قىلىنغان.**

نىيۇيورك ۋاقىت گېزىتىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى ئالدىنقى ھەپتە ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئەسىر ئالماشتۇرۇش ھەرىكىتىدە خىتاينىڭ ئۈچ ئامېرىكىلىق ئەرنى قويۇپ بەرگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ بىرى ئامېرىكا فېدېراتىپ تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ ئۇچۇرچىسى ئىكەنلىكىنى، ئامېرىكا تۈرمىگە قامالغان ئىككى خىتاي جاسۇس ۋە كەم دېگەندە بىر خىتاي پۇقراسىنى قويۇپ بەرگەنلىكىنى، ئەمما مەھبۇس ئالماشتۇرۇشنىڭ بىر



قىسمى سوۋېتتىدە، خىتاي ئۇن-تىنسىز ھالدا ئۈچ ئۇيغۇرنى قويۇپ بېرىشكە قوشۇلغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بىرى ئامېرىكا پۇقراسى ئىكەنلىكىنى، ئۇلار خىتايدىن ئامېرىكىغا كەلگەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، بىر ھەپتە ئىلگىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي ساقچىلىرى تۇيۇقسىز ئائىشە مامۇت خانىمنىڭ ئۆيىگە كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ئۇنىڭغا نەرسە-كېرەكلىرىنى تەييارلاپ سومكىسىغا قاچىلاشنى ئېيتقان. ئائىشە خانىم خىتاي ساقچىلىرى ئۇنى تۈرمىگە ياكى جازا لاگېرىغا سولىماقچى بولدى دەپ ئويلىغان. ئەمما ئويلىمىغان يەردىن تۆت كۈندىن كېيىن، 73 ياشقا كىرىپ قالغان ئائىشە مامۇت خانىم ئامېرىكىنىڭ ۋىرگىنىيە ئىشتاتىدا 20 يىل كۆرۈشۈپ باقمىغان ئىككى ئوغلى ۋە ئىلگىرى بىر قېتىممۇ كۆرۈپ باقمىغان تۆت نەۋرىسى بىلەن جەم بولغان. ئائىشە مامۇت خانىمنىڭ چوڭ ئوغلى ئامېرىكىنىڭ خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتىنىڭ سابىق رەئىسى نۇرى تۈركەل ئەپەندى بولۇپ، ئائىشە خانىمنىڭ چېگرادىن چىقىشى ئىزچىل چەكلىنىپ چەكلىگەن.

مەلۇم بولۇشىچە، بايدېن ھۆكۈمىتى ئەسىر ئالماشتۇرۇش كېلىشىمىنىڭ ئۇيغۇرلارغا چېتىشلىق قىسمىنى تېخى ئېلان قىلمىغان بولۇپ، نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى بۇ خەۋەرنى تۇنجى قېتىم ئاشكارىلىغان.



# مالايشىيادىكى خەلقئارالىق يىغىندا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ئاساسلىق تېما بولدى







1-دېكابىر «مالايشىيا ئىسلام ئاممىۋى تەشكىلاتلىرى ھەمكارلىق كېڭىشى» يىغىنى مالايشىيا پايتەختى كۇئالالۇمپۇردا ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، ھەرقايسى




دۆلەتلەردىن كەلگەن ئاممىۋى تەشكىلات ۋەكىللىرى قاتناشقان. يىغىنغا ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىغا ۋاكالىتەن خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان، بىرلىكنىڭ باش كاتىپى ئابدۇرېشىد ئەمىنھاجى، ئامېرىكىدا پائالىيەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى رەئىسى ئۆمەر قانات ئەپەندى ئىشتىراك قىلدى.

يىغىندا ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان سۆز قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش چارىلىرىنى بىر قانچە نۇقتىدىن تەپسىلىي تونۇشتۇرغان. ئۇ يەنە شەرقىي تۈركىستاندا داۋام قىلىۋاتقان خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى ۋە ئىسلام دۈشمەنلىكىنى قانداق توختىتىش ھەققىدە بىر قاتار تەدبىرلەرنى، ھەرقايسى تەشكىلاتلارنىڭ بۇ مەسىلىدىكى ۋەزىپىسىنى، بولۇپمۇ ئىسلام دۇنياسىدىكى تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى قانداق ئادا قىلىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

يىغىندا ئۆمەر قانات خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ۋەھشىيلەرچە ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى، ئىنسانىي ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ھەققىدە دوكلات بەرگەن. يىغىن ئاخىرىدا ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان بىلەن ئۆمەر قانات سەھنىدە يىغىن ئىشتىراكچىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ھەققىدىكى سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگەن.



ھىدايەتۇللاھ ئەپەندى بۇ ھەقتە زىيارەتىمىزنى قوبۇل قىلىپ، مەركىزى يىغىندا ياۋروپا، ئامېرىكا، ھىندىستان، مالايشىيا، ھىندونېزىيە، فىلىپپىن، تايلاند، سىرىلانكا ۋە باشقا ئىسلام ئەللىرىدە پائالىيەت قىلىۋاتقان ئىسلامى تەشكىلاتلار ۋە غەيرى ئىسلامى تەشكىلاتلارنىڭ ئىشتىراك قىلغانلىقىنى، يىغىندا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ ئاساسىي تېما بولغانلىقىنى، پەلەستىن، ئاراكان مەسىلىسىنىڭمۇ مۇزاكىرە قىلىنغانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللىرى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى كۆنتەرتىپكە كەلتۈرگەنلىكىنى بىلدۈردى.

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان بىلەن باش كاتىپ ئابدۇرېشىد ئەمىنھاجىدىن تەشكىللەنگەن ھەيئەت مالايشىيا ئاكادېمىيەسى مەرىپەت تەشكىلاتى (WADAH) تەشكىللىگەن «20-ئەسىردە مالاي دۇنياسىدا ئۆتكەن مەشھۇر ئالىم مۇھەممەد ناتسىرنىڭ كىتابلىرىنى تونۇشتۇرۇش» تېمىسىدىكى پائالىيەتكە تەكلىپ قىلىنغان بولۇپ، ھەيئەت بۇ جەرياندا باش مىنىستىر ئەنۋەر ئىبراھىم بىلەن كۆرۈشكەن.

ھەيئەت يەنە مالايشىيا پارلامېنتىدا پارلامېنت ئەزالىرى ئىشتىراك قىلغان يىغىنغا قاتنىشىپ، ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيەنىڭ ۋە ئۆكتىچى پارتىيەلەرنىڭ پارلامېنت ئەزالىرىدىن تۇئان سېيد ئىبراھىم سېيد نوھ، دوكتور مۇھەممەد تاۋفىق بىن جوھارى، تۇئان جىممىي پۇئان ۋېي تىسې ۋە تۇئان سۇھايزان بىن قايىئات قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشكەن. ھەيئەت



بارلىق پارلامېنت ئەزالىرىغا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرغان دوكلاتنى سۇنغاندىن باشقا، مالايشىيا پارلامېنتىدا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى بويىچە بىر گۇرۇپپا تەشكىللەش ھەققىدە تەكلىپ سۇنغان.

ھەيئەت 4-دېكابىر مالايشىيا پارلامېنتىنى زىيارەت قىلىش جەريانىدا، پارلامېنت رەئىسى ياڭ دى پېرتۇئا دېۋان راكيات، تەن سرى داتو جوھارى ئابدۇل، سابىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرى داتو سرى سەيفۇددىن بىن ئابدۇللا ۋە مالايشىيا ئىسلام پارتىيەسىنىڭ پارلامېنت ئەزالىرىدىن تۇئان ھاجى ئابدۇللەتىف بىن ئابدۇراھمان، تۇئان ئەھمەد تارمىزى بىن سۇلايمان ۋە پارتىيە ئىجرائىيە ھەيئىتى ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشكەن.

ھەيئەت زىيارىتى داۋامىدا يەنە مالايشىيا دۆلەت مۇداپىئە ئۇنىۋېرسىتېتى خەلقئارا مۇناسىۋەت ۋە بىخەتەرلىك فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى پىروفېسسور، دوكتور موھد مىزان بىن مۇھەممەد ئەسلام بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇشىغا قولايلىق شارائىت ھازىرلاش مەسىلىسى ھەققىدە سۆھبەتلەشكەن.

ھەيئەت 5-دېكابىر مالايشىيا تاشقى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ مەسلىھەتچىسى ئەھمەد ئەززام ئابدۇراھمان بىلەن كۆرۈشۈپ، خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى مالايشىيا ۋە باشقا ئىسلام دۇنياسىنىڭ رەسمىي ۋە غەيرىي رەسمىي مۇنبەرلىرىدە كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈش مەسىلىسى توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇرغان.

# خىتاي بېنگال مۇسۇلمانلىرىنىڭ كۆزىنى بوياشقا ئۇرۇندى



**بېنگال ئىسلام پارتىيەلىرى بىرلەشمە ۋەكىللەر ئۆمىكى 4-دېكابىر شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلغان بولۇپ، خىتاي ئەمەلدارلىرى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى پەردازلاپ، كۆز بوياشقا ئۇرۇندى.**

ئۈرۈمچىگە بارغان بېنگال زىيارەت ئۆمىكىنى ما شىڭرۇي ۋە باشقا قورچاق ئەمەلدارلار كۈتۈۋالغان بولۇپ، ئۇ بۇرۇنقىدەكلا ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ئىنكار قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندا خەلقنىڭ بەخت-سائادەت ئىچىدە، خۇشال-خۇرام ياشاۋاتقانلىقىنى، تۈرلۈك ھوقۇقلىرىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتقانلىقىنى، خىتاينىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشنى قانۇن بويىچە ئىجرا قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بىلجىرلىغان.

ئۇ يەنە بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە

خىتايغا قارا چاپلاۋاتقانلىقىنى، بېنگال ھەيئىتىنىڭ بۇ قېتىملىق زىيارەت ئارقىلىق ھەقىقىي ئەھۋالنى ئىگىلىگەنلىكىنى دەۋا قىلغان.

بېنگال مۇسۇلمانلىرى ئىزچىل تۈردە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئاۋاز چىقىرىپ كېلىۋاتقان بولۇپ، ھەر يىلى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەت كۈنىگە ئوخشاش ئالاھىدە كۈنلەردە تۈرلۈك نامايىشلارنى تەشكىللەپ، خىتاينىڭ جىنايىتىنى ئەيىبلەپ كەلمەكتە. خىتاي بۇ قېتىم بېنگال ئىسلام پارتىيەلىرى ئۆمىكىنى تەكلىپ قىلىپ، ساختا كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى تېررور سىياسىتىنى پەردازلاشقا، بېنگال خەلقىنىڭ كۆزىنى بوياشقا ئۇرۇنىدى.









# خىتاي شىركىتى TikTok نىڭ نارازىلىق ئەرزى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى




**خىتاينىڭ قىسقا سىن ھەمبەھىرلەش سۇپىسى TikTok نىڭ ئامېرىكا پارلامېنتىنىڭ شىركەت ھەققىدىكى چەكلەش قانۇنى ماقۇللىغانلىقىغا قارشى سۇنغان نارازىلىق ئەرزى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى.**

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، ئامېرىكا نارازىلىق سوتى 6-دېكابىر رەسمىي ھۆكۈم چىقىرىپ، ئامېرىكا پارلامېنتى بۇ يىلنىڭ بېشىدا ماقۇللىغان «ئامېرىكىلىقلارنى رەقىب دۆلەتلەرنىڭ كونتروللۇقىدىكى ئەپ دېتاللىرىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قوغداش

قانۇنى»نىڭ ئامېرىكا ئاساسىي قانۇنى قوغداۋاتقان پىكىر ئەركىنلىكىگە زىت ئەمەسلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ۋە TikTok نارازىلىق ئەرزىنى رەت قىلغان.

مەزكۇر قانۇندا TikTok سۇپىسىنىڭ خىتاي كوممۇنىست رېجىمى تەرىپىدىن كونترول قىلىنىدىغانلىقى، ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئۇچۇر بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، TikTok نىڭ باش شىركىتى بايت دەنسىنىڭ 2025-يىلى 19-يانۋاردىن بۇرۇن ئامېرىكىدىكى تارمىقىنى سېتىۋېتىپ، باش شىركەتتىن ئايرىشى كېرەكلىكى، ئۇنداق قىلمىسا TikTok نىڭ ئامېرىكىدا پۈتۈنلەي چەكلىنىدىغانلىقى بېكىتىلگەنىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي TikTok بۇ ھەقتە نارازىلىق ئەرزى سۇنغانىدى.

كۆپلىگەن پارلامېنت ئەزالىرى نارازىلىق سوتى چىقارغان ھۆكۈمنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولۇپ، بۇنى «ئامېرىكا خەلقىنىڭ، TikTok ئىشلەتكۈچىلىرىنىڭ غەلىبىسى ۋە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ يېڭىلىشى» دەپ سۈپەتلىدى.

مەلۇم بولۇشىچە، نۆۋەتتە TikTok نىڭ ئامېرىكىدىكى ئىشلەتكۈچىلىرى 170 مىليونغا يەتكەن بولۇپ، خىتايغا تەۋە مەزكۇر ئىجتىمائىي تاراتقۇ سۇپىسىنىڭ شەخسىي ئۇچۇر توپلىشى، خىتاي رېجىمىنىڭ ساختا تەشۋىقاتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى ھەققىدىكى ئەندىشىلەر ۋە تەنقىدلەر داۋاملاشماقتا.

ھازىرغا قەدەر ئامېرىكا، تۈركىيە، ھىندىستان، پاكىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق بىر قىسىم دۆلەتلەردە TikTok ئەپ دېتالى پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن چەكلەنگەن. خىتاي ۋە TikTok نىڭ باش شىركىتى بۇ ئەيىبلەشلەرنى رەت قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، مەزكۇر سۇپىدىن خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى پاش قىلىدىغان مەزمۇنلارنىڭ ئۆچۈرۈلۈشى، پائالىيەتچىلەرنىڭ ھېساباتلىرىنىڭ تاقىۋېتىلىشى قاتارلىق قىلمىشلار بۇ ئەيىبلەشلەرنىڭ رېئاللىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە.

# سۈرىيەدە 12 يىل داۋاملاشقان ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى ئاخىرلاشتى



**سۈرىيەدە بەششار ئەسەد ھاكىمىيىتى پايتەخت دەمەشقنىڭ كونتروللۇقىنى يوقاتقان بولۇپ، ئەسەدكە قارشى كۈچلەر 8-دېكابىر سۈرىيە پايتەختى دەمەشقنى كونترول قىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى.**

ئانادولۇ ئاگېنتلىقىنىڭ 8-دېكابىر خەۋەر قىلىشىچە، بەششار ئەسەد ئائىلىسى بىلەن بىرگە دەمەشقتىن ئايرىلىپ، رۇسىيەگە قاچقان بولۇپ، رۇسىيە ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە پاناھلىق بەرگەن.

7-دېكابىر ئەسەدكە قارشى قوراللىق گۇرۇپپا دەمەشقنىڭ جەنۇبىي چەت

ناھىيەلىرىگە كىرگەندىن كېيىن، ئەسەد كۈچلىرى نۇرغۇن جايلاردىن چېكىنىشكە باشلىغان. شۇ كۈنى كەچ ۋاقىتلىرىدا پايتەختنىڭ كۆپلىگەن مەھەللىرىدە ھاكىمىيەتكە قارشى نامايىشلار باشلانغان بولۇپ، ھاكىمىيەت كۈچلىرى مۇداپىئە مىنىستىرلىقىغا، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا ۋە خەلقئارالىق ئايرودۇرۇمغا چېكىنگەن.

مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە جايلارغا نامايىشچىلارنىڭ كىرىشى بىلەن ئەسەد كۈچلىرى پايتەختتە ئاساسىي جەھەتتىن كونتروللۇقىنى يوقاتقان. دەمەشقتە ئەسەد ھاكىمىيىتىنىڭ سىمۋولىغا ئايلانغان ۋە قىيىن-قىستاقلىرى بىلەن تونۇلغان سەيدنايا تۈرمىسىدىكى مەھبۇسلارمۇ تۈرمىگە بېسىپ كىرگەن نامايىشچىلار تەرىپىدىن قۇتۇلدۇرۇلغان.

سۈرىيەنىڭ شىمالىدىكى ھەلەب ۋىلايىتىنىڭ غەربىي يېزا-قىشلاق رايونىدا 27-نويابىردا ئەسەد ھاكىمىيىتى كۈچلىرى بىلەن ھاكىمىيەتكە قارشى قوراللىق گۇرۇپپىلار



**الاتحاد العالمي لمنظمات تركستان الشرقية**
@udtsbAR

نحن كشعب تركستان الشرقية المحتلة، نهنئ بهذا النصر المجيد لنجاح ثورة الشعب السوري ضدالنظام المستبد الظالم، المتمثل ب"بشار الأسد".

إنكم أيها الشعب السوري لم تفقدوا الأمل أبداً رغم المعاناة التي عشتم على مدى سنوات طويلة.

للنص الكامل:

Gönderiyi çevir




ئارىسىدا توقۇنۇش باشلانغان بولۇپ، 11 كۈن ئىچىدە ئەسەد رېجىمى ۋەيران بولغان.

هەلەب مەركىزىنىڭ كۆپ قىسمىنى هاكىمىيەت كۈچلىرىدىن تارتىۋالغان هاكىمىيەتكە قارشى گۇرۇپپىلار ئىدلىب رايونىنىمۇ كونترول قىلغان. ئارقىدىن هاما، خۇمۇس ۋە دەرا ۋىلايەتلىرىنىڭ كونتروللۇقىنىمۇ قولغا ئالغان. سۈرىيەنىڭ جەنۇبىدىكى سۈۋەيدا ۋىلايەت مەركىزىمۇ 7-دېكابىر ئەسەدكە قارشى گۇرۇپپىلارنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتكەن.

ئىسلام دۇنياسى، شۇنداقلا ئىسلامىي تەشكىلاتلار، ھەتتا غەيرى ئىسلام دۆلەتلىرىمۇ سۈرىيە خەلقىنىڭ 12 يىللىق ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىن قۇتۇلغانلىقىنى تەبرىكلىدى. جۈملىدىن خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى، شەرقىي


شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى
DOĞU TÜRKİSTAN ULEMALARI DERNEĞİ
جمعية علماء مسلمي تركستان الشرقية
EAST TURKISTAN MUSLIM SCHOLARS ASSOCIATION

Tarih: 20...../...../......
No: .......

بسم الله الرحمن الرحيم

تهنئة من اتحاد علماء تركستان الشرقية إلى الشعب السوري الحر

الحمد لله الذي أعز أهل الحق بنصره، وأذل الطغاة بجنده، والصلاة والسلام على النبي المصطفى الذي أرسله الله رحمة للعالمين.

السلام عليكم ورحمة الله وبركاته

يتقدم اتحاد علماء تركستان الشرقية بأسمى آيات التهاني والتبريكات إلى الشعب السوري البطل بمناسبة التحرر من نظام الاستبداد وبدء مرحلة جديدة من العزة والكرامة. لقد تابعنا - بقلوب مليئة بالدعاء - صمودكم وثباتكم أمام أعتى الظلم، واليوم نشهد معكم هذا الإنجاز التاريخي الذي جاء بفضل الله، ثم بتضحيات أبطالكم وصبر شعبكم.
إننا في تركستان الشرقية، وقد ذقنا مرارة الاستبداد مثلما ذقتم، ندرك تمامًا معنى هذا النصر وأهميته. نرى فيكم إخوة في الدين والنضال، ونعتبر انتصاركم انتصارًا لقيم الحق والعدل التي توحدنا جميعًا.

نسأل الله أن يوفقكم في بناء سوريا حرة مستقلة، تسودها العدالة والرحمة، وأن يجمع شملكم على كلمة الحق. وندعو الله أن يكون هذا النصر فاتحة خير لتحرير باقي الشعوب المستضعفة وإعلاء كلمة الله في الأرض.

الرحمة لشهدائكم، والشفاء لجرحاكم، ودمتم رمزًا للصمود والعزة.

اتحاد علماء تركستان الشرقية

2024-12-08

Adres: Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6B/1 Sefaköy 34295, Küçükçekmece-İstanbul/Türkiye
www.olimalar.org , Tel: +90 212 540 3113, E-mail: olmalar@olimalar.org

تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى بۇ ھەقتە بايانات ئېلان قىلدى.

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى باياناتىدا سۈرىيە خەلقىنىڭ مۇستەبىت بەششار ئەسەد ھاكىمىيىتى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى باياناتىدا ھۆر سۈرىيە خەلقىنى تەبرىكلەيدىغانلىقىنى، سۈرىيە خەلقىگە غەلىبە ۋە نۇسرەت ئاتا قىلىپ، زالىمنى ۋەيران قىلغان ئاللاھقا ھەمدۇ-سانا ئوقۇيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

سۈرىيە ئۆكتىچىلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، 12 يىل داۋاملاشقان ئىچكى ئۇرۇش سەۋەبلىك بىر مىليونغا يېقىن سۈرىيە خەلقى ھاياتىدىن ئايرىلغان، 20 مىليوندىن ئارتۇق سۈرىيە خەلقى ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى سەۋەبلىك باشقا دۆلەتلەرگە كۆچۈپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ كۆپ سانلىقى قوشنا دۆلەت تۈركىيەدە پاناھلانغان بولۇپ، قالغانلىرى ئىيوردانىيە، لىۋان، ئىراق، ئىران ۋە ياۋروپا ئەللىرىدە كۆچمەن بولغان.



# دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى كۈنىدە شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىنىڭ يىللىق دوكلاتى ئېلان قىلىندى










دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى كۈنى ئىستانبۇلغا جايلاشقان رامى
مۇناسىۋىتى بىلەن، 10-دېكابىر كۈتۈپخانىسىدا شەرقىي تۈركىستان




ۋەزىيىتى ھەققىدىكى 2024-يىللىق ئىنسان ھەقلىرى دوكلاتىنى تونۇشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش جەمئىيىتى ۋە خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى ئورۇنلاشتۇرغان مەزكۇر يىغىنغا تۈركىيەدىكى بىر قىسىم پارتىيەلەرنىڭ ۋەكىللىرى، تەشكىلات مەسئۇللىرى، ژۇرنالىستلار ۋە جامائەت ئەربابلىرى قاتناشتى.

قۇرئان تىلاۋىتى بىلەن باشلانغان يىغىندا خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان ۋە شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دوكتور ئەلى روزى ئۆزئۇيغۇر ئايرىم-ئايرىم ئېچىلىش سۆزى قىلدى. ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى ئابدۇلئەھەد ئۇدۇن جەمئىيەتنىڭ خىزمەتلىرى ۋە نەتىجىلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش جەمئىيىتىنىڭ تەتقىقاتچىسى فەياز پىنار قىلىنچ خانىم جەمئىيەت تەييارلىغان شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتى ھەققىدىكى 2024-يىللىق دوكلات ھەققىدە تەپسىلىي توختالدى.

يىغىننىڭ ئىككىنچى باسقۇچىدا ۋىلدان كادىئوغلى سارىياشار «ئىنسان ھەقلىرى ئۇقۇمى ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكى» تېمىسىدا، زەبىنىسو كامالوۋا «شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق – سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئانالىز» تېمىسىدا، ھىلال دۇۋار «خەلقئارالىق قانۇنلارغا ئاساسەن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق» تېمىسىدا، ئابدۇرېشىد ئەمىنھاجى «شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە خەلقنىڭ تەشەببۇسكارلىقى» تېمىسىدا سۆز قىلدى. يىغىننىڭ ئاخىرىدا ئۇلار قاتناشقۇچىلارنىڭ ئالاقىدار سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى.

يىغىن جەريانىدا يەنە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بىر قىسىم سۈرەتلەر ۋە ئۇيغۇر كۈلتۈرىگە ئالاقىدار تۈرلۈك بۇيۇملار كۆرگەزمە قىلىندى.




# «رابىيە قادىر سودا سارىيى»نىڭ چېقىۋېتىلگەنلىكى دەلىللەندى

**ئۇيغۇر خەلقىگە تونۇشلۇق بولغان ئۈرۈمچىدىكى مەشھۇر بىنا «رابىيە قادىر سودا سارىيى» ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى «ئەقدە سودا سارىيى»نىڭ چېقىۋېتىلگەنلىكى دەلىللەندى.**

ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان لاگېر شاھىتى زۇمرەت داۋۇت خانىم ئىجتىمائىي تاراتقۇ ھېسابىدا ئۇچۇر ھەمبەھىرلەپ، ئۈرۈمچىدىكى «رابىيە قادىر سودا سارىيى»نىڭ چېقىۋېتىلگەنلىكى ھەققىدە ئۇچۇر ئالغانلىقىنى، ئەمما خىتاينىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىلىرىنى كۆزەتكەن بولسىمۇ، مەزكۇر سودا سارىيىنىڭ چېقىلغانلىقىغا ئالاقىدار ھېچقانداق سۈرەت ياكى






سىن ئۇچراتمىغانلىقىنى ئېيتقان.

ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى مۇخبىرى شۆھرەت ھوشۇر ئۈرۈمچىدىكى ئالاقىدار ئىدارە ئورگانلارغا تېلېفون قىلىپ ئېنىقلاش ئارقىلىق، «رابىيە قادىر سودا سارىيى»نىڭ 29-نويابىر چېقىلغانلىقىنى دەلىللىگەن.

مەزكۇر سودا ساراي 90-يىللاردىن كېيىن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بىر تۈركۈم كارخانىچىلارنىڭ يېتىشىپ چىقىشىغا ھەر جەھەتتىن تۈرتكە بولغان ۋە ئۈرۈمچىگە بېرىپ باققان بارلىق ئۇيغۇرلار بىلىدىغان مەشھۇر بىنا بولۇپ كەلگەن. خىتاي رېجىمى 2009-يىلى 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قەتلىئامىدىن كېيىن، بىنانىڭ ئىگىسى رابىيە قادىر خانىمنى مەزكۇر ۋەقەنىڭ پىلانلىغۇچىسى دەپ تۆھمەت چاپلاپ، مەزكۇر سودا سارىيىنى پىچەتلىگەنىدى.



# كانادا خىتاينىڭ سەككىز ئەمەلدارىغا جازا يۈرگۈزدى

**كانادا يەرشارى ئىشلىرى مىنىستىرلىقى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ۋە تىبەت، فالۇنگۇڭ مۇرىتلىرىنى باستۇرۇشقا چېتىلغان سەككىز خىتاي ئەمەلدارىغا جازا يۈرگۈزگەنلىكىنى، 10-دېكابىردىن تارتىپ جازانىڭ كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلدى.**

كانادا ھۆكۈمىتى ئورگان توربەتتىن مەلۇم بولۇشىچە، كانادا ھۆكۈمىتى كانادانىڭ «خىتاي ھەققىدىكى ئالاھىدە ئىقتىسادىي تەدبىر نىزامى»غا ئاساسەن قوللانغان تەدبىردە كانادا ۋە كانادا سىرتىدىكى كانادا پۇقرالىرىنىڭ جازا تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن خىتاي ئەمەلدارلىرىنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش، مال-مۈلۈك، سودىغا مۇناسىۋەتلىك ھەر قانداق مۇئامىلىدە بولۇش مەنئىي قىلىدىكەن.

نىزامنامىدىكى كونكرېت چەكلىمىدە نىشانلىق شەخسلەر، خىتايدىكى ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكىگە قاتناشقان سابىق خىتاي ئەمەلدارلىرى ياكى نۆۋەتتە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار بار ئىكەن.

جازا تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قورچاق رەئىسى، پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۈنىياز، ئاتالمىش



«ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»نىڭ سابىق سېكرېتارى چېن چۈەنگو، ختاي قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم» رايونلۇق هۆكۈمەتنىڭ سابىق قورچاق رەئىسى شۆھرەت زاكىر، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» سىياسىي مەسلىھەت يىغىنىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى پېڭ جياروي، «تىبەت ئاپتونوم رايونى»نىڭ سابىق پارتىيە سېكرېتارى ۋۇ يىڭجيې، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ سابىق پارتىيە كومىتېتى سېكرېتارى خۇ ليۈجۈن، ئاتالمىش «تىبەت ئاپتونوم رايونلۇق» هۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ج خ مىنىستىرلىقى پارتىيە كومىتېتىنىڭ كاتىپى جاڭ خوڭبو، ختاي كومپارتىيەسى ئىنتىپاقلىق كومىتېتىنىڭ سابىق باشلىقى يوۋ چۈەن قاتارلىقلار كىرگۈزۈلگەن.

# خىتاي ئاتالمىش «شىنجاڭغا ياردەم بېرىش» نامىدا مەجبۇرىي ئەمگەك كۆلىمىنى كېڭەيتمەكتە




**خىتاي رېجىمى ئىلگىرى ئاتالمىش «شىنجاڭغا ياردەم بېرىش، غەربىي رايوننى ئېچىش» نامىدا شەرقىي تۈركىستانغا يەرلەشتۈرۈپ كەلگەن بولۇپ، بۇ يىل يەنە ئاتالمىش «شىنجاڭغا كەسىپلەر ئارقىلىق ياردەم بېرىش» نامىدا خىتاي شىركەتلىرىنى شەرقىي تۈركىستانغا كۆچۈرۈپ كېلىش توختاملىرىنى ئىمزالىغان ۋە ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشنى تېخىمۇ كۆلەملەشتۈرۈشكە ئۇرۇنغان.**

خىتاي تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، 10-دېكابىر

خوتەن شەھرىدە ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى 4-مەيدان شىنجاڭغا كەسىپلەر ئارقىلىق ياردەم بېرىش» تېمىسىدا تونۇشتۇرۇش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلگەن. پائالىيەتكە ئالاقىدار ئورۇنلار، ئاتالمىش «شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان» 19 خىتاي ئۆلكىسى ۋە بىۋاستە قاراشلىق شەھەرنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن دەرىجىلىك ئورۇنلىرى ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىچى-سىرتىدىكى 400 دىن ئارتۇق شىركەت ۋەكىلى قاتناشقان.

كېلىشىم ئىمزالاش مۇراسىمىدا، ئاتالمىش «شىنجاڭغا ياردەم بېرىش تۈرى»دىن 105 ى ئىمزالانغان بولۇپ، كېلىشىم سوممىسى 122 مىليارد 945 مىليون يۈەنگە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە مەبلەغ سېلىش كېلىشىم تۈرى 68، رامكا كېلىشىمى تۈرى 37 ئىكەن. خەۋەردىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ قېتىمقى كېلىشىم ئىمزالاش كارخانا مەبلەغ سېلىش كېلىشىمى، ئەمگەك كۈچى چىقىرىش كېلىشىمى، زاكازلىق تەربىيەلەش كېلىشىمى قاتارلىقلارغا بۆلۈنگەن بولۇپ، تۈرلەر يېڭى ئېنېرگىيە، يېڭى ماتېرىيال، يېشىل كانچىلىق، جابدۇق ياسىمىچىلىقى، توقۇمىچىلىق، كىيىم-كېچەك، ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر تېخنىكىسى قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدىكەن.

خىتاي ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، خىتاي ئاتالمىش «شىنجاڭغا ياردەم بېرىش» نامىدا ئۆلكە، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلەردىكى خىتاي شىركەتلىرىنى شەرقىي تۈركىستانغا مەبلەغ سېلىشقا ئۈندەپ، بۇ يىل قاراماي شەھىرى، كورلا شەھىرى، غۇلجا شەھىرىدە ئاتالمىش «شىنجاڭغا كەسىپلەر ئارقىلىق ياردەم بېرىش» نامىدا ئۈچ مەيدان تونۇشتۇرۇش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرغان.

كېلىشىم ئىمزالانغان تۈرلەر ئىچىدىكى «ئەمگەك كۈچى چىقىرىش كېلىشىمى» دىققەت تارتىدىغان بولۇپ، خىتاي رېجىمى يېقىنقى يىللاردىن بېرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېزا-قىشلاقلىرىغا «ئەمگەك كۈچى چىقىرىش كېلىشىمى» بىلەن خىتاي شىركەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغان. خىتاي بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش جىنايىتىنى تېخىمۇ كۆلەملەشتۈرمەكتە.




# ئەنگلىيە تاراتقۇسى: سۇرىيەدىكى ئۇيغۇر جەڭچىلىرى خىتايغا قارشى قەسەم قىلدى

**ئەنگلىيەنىڭ خەۋەر ئورگىنى «تېلېگراف» 13-دېكابىر «سۇرىيەدىكى ئۇيغۇر جەڭچىلەر كېيىنكى قەدەمدە خىتايغا قارشى ئاتلىنىدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم قىلدى» ماۋزۇلۇق خەۋەر ئېلان قىلغان بولۇپ، تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى: «ئاساسلىق ۋەزىپىمىز شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنى خىتاي ئىشغالىيىتىدىن ئازاد قىلىش» دېگەن.**

تېلېگراف تورى خەۋىرىدە بەششار ئەسەدنى ئاغدۇرۇش جەڭلىرىگە ھەمكارلاشقان ئۇيغۇر قوراللىق تەشكىلاتىنىڭ قوراللىق كۈرەشنى كېلەركى قېتىم شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىپ يېتىۋاتقان خىتاي بىلەن قىلىدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم قىلغانلىقى، تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسىنىڭ سۇرىيە ھاكىمىيىتى يىقىلغان 8-دېكابىر كۈنى ئېلان قىلغان بىر ۋىدىيوسىدا ھەربىي فورما كىيىپ ئاپتومات تۇتقان ئۇيغۇر جەڭچىنىڭ خىتايغا تەھدىت سېلىپ: «ھازىر بىز سۇرىيەدە ئاللاھ يولىدا كۈرەش قىلماقتىمىز، بىز بۇنىڭدىن كېيىن ئۈرۈمچى، ئاقسۇ ۋە قەشقەردىمۇ داۋاملىق كۈرەش قىلىمىز» دېگەنلىكى، نىقابلانغان يەنە بىر ئۇيغۇرنىڭ: «بىز خىتاي ئىشغالىيىتىدىكى شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن. يېقىن كەلگۈسىدە خىتايىنى شەرقىي تۈركىستاندىن قوغلاپ چىقىرىمىز. بىز نۆۋەتتە ھومس، ئىدلىبتا جەڭ قىلدۇق. بىز يېقىن كەلگۈسىدە بۇ جەڭنى

The Telegraph | News | Sport | Business | Money | Opinion | Ukraine | Travel | Health | Lifestyle | Culture | Puzzles | Podcasts

UK news | Politics | World | Health news | Defence | Science | Education | Environment | Investigations | Global Health Security

Syria | Latest updates | How delicate peace could unravel | Why is Israel attacking Syria? | Mapped: How Assad fell

# Uyghur fighters in Syria vow to come for China next

The Turkistan Islamic Party says its main mission to 'liberate the Muslims of East Turkistan from the Chinese occupation'

شەرقىي تۈركىستاندا داۋاملاشتۇرىمىز. ئاللاھ بۇ يەردە بىزگە نۇسرەت بەردى، ئاللاھ بىزگە ئۆز ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندىمۇ غەلىبە ئاتا قىلىدۇ» دېگەنلىكى قەيت قىلىنغان. ئۇلار مۇخبىرغا يەنە ھەرىكەت باشلانغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە ھېچقانداق ھارغىنلىق ھېس قىلمىغانلىقىنى، بۇ جەڭدە ئەزەلدىن قورقۇنچ ھېس قىلىپ باقمىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكەن.

خەۋەردە يەنە تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسىنىڭ سۈرىيە تۇرۇۋاتقانلىقىغا ئون يىلدىن ئاشقانلىقى، تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسىنىڭ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ئېغىر باستۇرۇشلىرىدىن قېچىپ چىققان ئۇيغۇرلاردىن تەشكىل تاپقانلىقى، سۈرىيەدە بەششار ئەسەد ھاكىمىيىتىگە قارشى جەڭلەرگە رەھبەرلىك قىلغان ھەيئەتۇ تەھرىر شامغا قوشۇلغانلىقى، يېقىنقى كۈنلەردە تەشۋىقات پائالىيىتىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە، ھەيئەتۇ تەھرىر شام بىلەن بىرگە جەڭ قىلغانلىقى قەيت قىلىنغان.

ئاشكارىلانغان بىر سىندا 2024-يىلى 11-ئاينىڭ ئاخىرىدا سۈرىيە قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ھۇجۇمى قوزغىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسىنىڭ ئەسەد قىسىملىرىغا قارشى جەڭ قىلىۋاتقانلىقى كۆرسىتىلگەن. يەنە بىر سىندا بولسا ئۇلارنىڭ تانكا ھەيدەپ، ھىلال ئاي بىلەن يۇلتۇز بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن كۆك بايراقلارنى لەپىلدەتكەن ھالدا دەمەشققە كىرگەنلىكى كۆرسىتىلگەن.

سىن ئۇچۇرلىرىغا ئاساسلانغاندا، تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى 10-ۋە 11-دېكابىر كۈنلىرى سۈرىيەنىڭ ئىستراتېگىيەلىك پورت شەھىرى لاتاكىيە ۋە تەرتۇسقا كىرگەن، ھەر ئىككى شەھەر سۈرىيەنىڭ دېڭىز قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ يەردە ئىلگىرى رۇسىيە قىسىملىرى تۇرغان.

سۈرىيە ئىچكى ئۇرۇشى بويىچە مۇستەقىل تەتقىقاتچى ئەيمەن جەۋاد ئەل تەممى مۇخبىرغا: «سۈرىيە قوزغىلاڭچىلارنىڭ غەلىبىسىدە تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى بەلگىلىك رول ئوينىدى» دېگەن.

# خىتاينىڭ سودا پاراخوتى نەچچە ھەپتىدىن بېرى تۇتۇپ تۇرۇلماقتا




**خىتاينىڭ بىر سودا پاراخوتى بالتىق دېڭىزىدىكى سۇ ئاستى كابېلىنى كېسىش گۇمانى بىلەن، بىر نەچچە ھەپتىدىن بۇيان تۇتۇپ تۇرۇلماقتىكەن.**


نيۇيورك ۋاقىت گېزىتىنىڭ 13-دېكابىر خەۋەر قىلىشىچە، ئالدىنقى ئايدا بالتىق دېڭىزىدىكى ئىككى دېڭىز ئاستى ئوپتىك كابېلى ئۈزۈلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ياۋروپا ئەمەلدارلىرى تېزدىن ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، ۋەقەنى تەكشۈرۈشكە باشلىغان. ئۇلار بۇ ۋەقە خىتاي بايرىقى ئېسىلغان بىر سودا پاراخوتىغا چېتىشلىق، دەپ گۇمانلانغان ۋە رايونغا

دېڭىز قىرغىقى مۇھاپىزەت پاراخوتىنى ئەۋەتىپ، خىتاي پاراخوتىنى تۇتۇپ قالغان.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، «يىپېڭ-3» ناملىق پاراخوت بۇندىن 23 كۈن ئىلگىرى توختىتىپ قويۇلغان بولۇپ، شۋېتسىيە، فىنلاندىيە ۋە لىتۋانىيەدىن تەشكىللەنگەن بىر گۇرۇپپا خادىم ۋەقەنى تەكشۈرۈۋاتقان مەزگىلدە مەزكۇر پاراخوت دېڭىز قىرغىقى مۇھاپىزەتچىلىرى تەرىپىدىن نۆۋەت بىلەن تۇتۇپ تۇرۇلغان. ئەمما ئەمەلدارلار ئۈپتىك كابېلىنىڭ ئۈزۈلۈش ۋەقەسىگە مەزكۇر پاراخوتنىڭ چېتىشلىق ياكى ئەمەسلىكى توغرىسىدىكى ھېچقانداق تەپسىلاتنى ئاشكارىلىمىغان.

تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرىدىن ئۈپتىك كابېلىنىڭ ئۈزۈلۈپ كېتىش ۋەقەسى ھەققىدە باشقا ئۇچۇرلارنىڭ بار-يوقلۇقى سورىلىۋاتقان بولۇپ، شۋېتسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ئالدىنقى ئايدا ئېلان قىلغان باياناتىدا تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ساقلاش كېرەكلىكىنى ئېيتقان. شۋېتسىيە تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باياناتچىسى بۇ ئىشقا قارىتا بىرلەشمە تەكشۈرۈشنىڭ داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى، ئەمما باشقا تەپسىلاتلارنىڭ يوقلۇقىنى قايتا تەكىتلىگەن.

لىتۋانىيە ھۆكۈمىتى 29-نويابىر خىتاينىڭ لىتۋانىيەدە تۇرۇشلۇق ئۈچ نەپەر ئەلچىخانا خادىمىنى چېگرادىن قوغلاپ چىقارغان بولۇپ، بۇ قارارنىڭ بالتىق دېڭىزىدىكى سۇ ئاستى كابېلىنىڭ كېسىۋېتىلىش ۋەقەسىگە چېتىشلىق بولۇشى مۇمكىنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەندى.





# خىتاي مەجبۇرىي ئەمگەك مەسىلىسىدە خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداشقا ئۇرۇندى

**ئۇيغۇرلار** ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش، جۈملىدىن كەڭ كۆلەملىك مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش جىنايەتلىرى سەۋەبلىك خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئەيىبلىشىگە ۋە بىر قىسىم ئىمبارگولىرىغا دۇچ كەلگەن خىتاي خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كۆزىنى بوياپ، **جىنايەتلىرىنى پەردازلاش ئۈچۈن، ئۈرۈمچىدە ئاتالمىش «شىنجاڭدىكى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنى»نى تەشكىللىدى.**

خىتايىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ خەۋرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى»نىڭ سېكرېتارى ما شىڭرۈي، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»نىڭ قورچاق رەئىسى ئەركىن تۇنىياز 15-دېكابىر ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان ئاتالمىش «شىنجاڭدىكى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنى»غا قاتنىشىشقا كەلگەن خىتاي ۋە چەت ئەللىك مېھمانلار بىلەن كۆرۈشكەن.

خەۋەر قىلىنىشىچە، يىغىنغا 44 نەچچە دۆلەت، رايون ۋە خەلقئارا تەشكىلات ۋەكىللىرى، خىتايىنىڭ



ئالاقىدار مىنىستىرلىق-كومىتېتلىرى ۋە ئاپپاراتلىرىنىڭ مەسئۇل ئەمەلدارلىرى قاتناشقان. يىغىندا پاكىستاننىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى كالىر هاشىمى، يەمەننىڭ خىتايدىكى باش ئەلچىسى مۇهەممەد مىتامى، شاڭخەي هەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى جانىش كانە قاتارلىقلار سۆز قىلىپ، خىتاينىڭ يالغان تەشۋىقاتىنى ياقلىغان ئاساستا خىتاي سىياسىتىنى ماختىغان.

بۇ ئاينىڭ بېشىدا ئەنگلىيە خەۋەر قانىلى BBC ئۇيغۇر مەجبۇري ئەمگىكىگە چېتىشلىق بولغان شوخلا مەهسۇلاتلىرىنىڭ ياۋروپا بازىرىغا توسالغۇسىز كىرىۋاتقانلىقى هەققىدە خەۋەر ئېلان قىلغاندىن كېيىن، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەرنى مەجبۇري ئەمگەككە سېلىش جىنايىتى قايتىدىن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقانىدى. بۇ قېتىم ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان يىغىن دەل مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەتتە ئېچىلغان.

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ما شىگرۈينىڭ بىلجىرلاشلىرىنىڭ ئەكسىچە تېرورور سىياسىتى ئىجرا قىلىنىۋاتقان بولۇپ، خىتاي شىركەتلىرىنى شەرقىي تۈركىستانغا كۆپلەپ ئورۇنلاشتۇرماقتا. ئۇيغۇرلار بولسا شەرقىي تۈركىستان ۋە خىتايدىكى زاۋۇتلاردا ئەرزان، هەقسىز ئەمگەك كۈچى سۈپىتىدە مەجبۇري ئەمگەككە سېلىنماقتا.

# خىتاي باياناتچىسى: ئەتراپتىكى تېررورلۇق كۈچلىرى قايتا سىڭىپ كىرىشكە ئۇرۇنۇۋاتىدۇ

ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت»نىڭ ئاخبارات باياناتچىسى شۈ گۈيشياڭ سۇمۇرغ تورىنىڭ مەخسۇس زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئاتالمىش «تېررورلۇققا ۋە ئەسەبىيلىككە قارشى تۇرۇش»نى داۋاملىق چىڭ تۇتىدىغانلىقى ھەققىدە جار سالدى.



خىتاينىڭ سۇمۇرغ تورىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، خىتاي مۇخبىرى ئوتتۇرا شەرق ۋەزىيىتىنى شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىگە باغلىغان ھالدا: «ئوتتۇرا شەرق ۋەزىيىتى داۋالغۇپ تۇرغان بىر ۋەزىيەتتە، شىنجاڭنىڭ نۆۋەتتىكى مۇقىم ھالىتىنى داۋاملىق ساقلاپ قالغىلى بولامدۇ؟» دەپ سورىغان. شۇ گۇيشىياڭ بۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ، شەرقىي تۈركىستاندا 2016-يىلىدىن بۇيان ھېچقانداق تېررورلۇق ۋەقەسى يۈز بەرمىگەنلىكىنى، ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن «ئۇخلاپ قېلىش»قا بولمايدىغانلىقىنى، ئەتراپتىكى تېررورلۇق كۈچلىرىنىڭ ئاكتىپ ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ئاماللار بىلەن قايتا سىڭىپ كىرىشكە ۋە شەرقىي تۈركىستاندا قايتا ئاپەت تۇغدۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى، بۇ سەۋەبلىك تېررورلۇقتىن مۇداپىئەلىنىش ۋە زەربە بېرىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان.

مۇخبىر ئۇنىڭدىن يەنە شەرقىي تۈركىستاندىكى يۇقىرى بېسىملىق سىياسەت سەۋەبلىك، خەلقنىڭ بىر قىسىم ئەركىنلىكى قۇربان قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى سۆزلەرگە قانداق قارايدىغانلىقىنى سورىغان. شۇ گۇيشىياڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىلگىرى خەلقنىڭ ۋەھىمە ئىچىدە ياشايدىغانلىقىنى، ئەركىنلىكتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدىغانلىقىنى، تۈرلۈك تەدبىرلەردىن كېيىن ھازىرقىدەك مۇقىم ۋەزىيەت بارلىققا كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بىلجىرلىغان.

ئالدىنقى كۈنلەردە تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسىنىڭ كېيىنكى قەدەمدە خىتايغا قارشى ئاتلىنىدىغانلىقى ھەققىدىكى باياناتلىرى خەلقئارا كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىغاندىن كېيىنلا خىتاي باياناتچىنىڭ ئاتالمىش «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش»نى قايتا تەكىتلىشى ۋە ئوتتۇرا شەرق ۋەزىيىتى بىلەن شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىنى بىر-بىرىگە باغلىشى دىققەت قوزغىماقتا.


UK NEWS WEBSITE OF THE YEAR 2024
The Telegraph News Sport Business Money Opinion Ukraine Travel Health Lifestyle Culture Puzzles Podcasts
UK news Politics World Health news Defence Science Education Environment Investigations Global Health
Syria | Latest updates How delicate peace could unravel Why is Israel attacking Syria? Mapped: How Assad fell

Uyghur fighters in Syria vow to come for China next

The Turkistan Islamic Party says its main mission to 'liberate the Muslims of East Turkistan from the Chinese occupation'

Sophia Yan
in Istanbul

Related Topics
Syrian Civil War, Syria, China, Uyghurs, Bashar al-Assad

13 December 2024 7:01pm GMT

203

The Turkistan Islamic Party have issued a propaganda blitz highlighting their role in overthrowing Assad

# دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك يېزىلغانلىقىنىڭ 950 يىللىقى ب د ت نىڭ خاتىرىلەش تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى




**ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر تىلشۇناس ئالىمى، تۈرك تىلى، شۇنداقلا تۈركىي مىللەتلەر تەتقىقاتىغا يول ئاچقان مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىنىڭ 950 يىللىق خاتىرە كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا قاراشلىق مائارىپ، پەن ۋە مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ 2024-2025-يىللىق خاتىرە كۈنلىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى.**

تۈرك مەدەنىيىتى ۋە مىراس ۋەقفى بۇ ھەقتە بايانات ئېلان قىلغان




بولۇپ، باياناتتا مەھمۇد كاشغەرىي تەرىپىدىن 11-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئەرەبلەرگە تۈركچە ئۆگىتىش مەقسىتىدە يېزىلغان ئېنسىكلوپېدىيە خاراكتېرىدىكى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىنىڭ 950 يىللىق خاتىرە كۈنى ب د ت مائارىپ، پەن ۋە مەدەنىيەت تەشكىلاتى تەرىپىدىن 2024-2025-يىللىق خاتىرە كۈنلىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەنلىكى ئېيتىلغان.

باياناتتا مەزكۇر قارارنىڭ تۈركىيە، ئەزەربەيجان، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تۈركمەنىستان ۋە ئۆزبېكىستاننىڭ ئورتاق تەكلىپى، شۇنداقلا ۋېنگرىيە، ماۋرىتانىيە، ماراكەش، قاتار ۋە تاجىكىستاننىڭ قوللىشى بىلەن چىقىرىلغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.

باياناتتا يەنە: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك پەقەت بىر لۇغەتلا ئەمەس، تۈرك تىللىرىنىڭ بايلىقى، تۈرك ئەنئەنىلىرىدىكى ھېكمەتنىڭ ۋە تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ جانلىق يەكۈنىدۇر. دىۋانۇ لۇغاتىت تۈركنىڭ 950 يىللىقىنى تەبرىكلەش پەقەت بىر خاتىرىلەش پائالىيىتىلا بولماستىن، بەلكى مىسلىسىز تۈرك مىراسلىرىنى قوغداش تىرىشچانلىقلىرىنى كۈچەيتىش چاقىرىقىدۇر» دېگەن.


# ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكى ھەققىدە يەنە بىر زور ھەجىملىك دوكلات ئېلان قىلىندى




**خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى پاش قىلغان كۆپلىگەن نوپۇزلۇق دوكلاتلارنىڭ ئاپتورى دوكتور ئادرىيان زېنىز ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگەككە ئالاقىدار يەنە بىر زور ھەجىملىك دوكلات ئېلان قىلدى.**

12-دېكابىر ئېلان قىلىنغان 130 نەچچە بەتلىك مەزكۇر دوكلات كوممۇنىزم قۇربانلىرى خاتىرە فوندىنىڭ ئالىي تەتقىقاتچىلىرىدىن دوكتور ئادرىيان زېنىز ۋە ئىلىن لى تەرىپىدىن تەييارلانغان.

مەزكۇر دوكلاتتا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىشىدا، خۇسۇسەن شوخلا، قىزىلمۇچ قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشتا ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىدىن





پايدىلانغانلىقى، بىر قىسىم خەلقئارالىق شىركەتلەرنىڭ تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ بۇ جىنايەتكە چېتىشلىق ئىكەنلىكى پاش قىلىنغان.

دوكلاتتا ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىدىن سىرت، يەنە خىتاي رېجىمىنىڭ قوللىشى ئاستىدىكى كۆپلىگەن خىتاي شىركەتلىرىنىڭ ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى مەجبۇرىي تارتىۋالغانلىقىدەك جىنايەتلىرى بايان قىلىنغان.

ئادرىيان زېنزىنىڭ مەزكۇر دوكلاتى ۋە ئەنگلىيە BBC قانىلىنىڭ يېقىندا ئېلان قىلغان ھۆججەتلىك فىلىمى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش جىنايىتىنى خەلقئارادا قايتىدىن كۈنتەرتىپكە كەلتۈردى.

2-دېكابىر BBC قانىلى خەلقئارادىكى پەمىدۇر قىيامى مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىگە چېتىلىشى ھەققىدە بىر ھۆججەتلىك فىلىم ئېلان قىلغانىدى. مەزكۇر ھۆججەتلىك فىلىمنى ئىشلەشكە بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت كەتكەن بولۇپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قان بىلەن بويالغان مەجبۇرىي ئەمگەك جىنايىتى، پەمىدۇر قىيامى مەھسۇلاتلىرىنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن ئىشلەپچىقىرىلىدىغانلىقى، بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ تۈرلۈك يوللار بىلەن ياۋروپا بازىرىغىمۇ كىرىۋاتقانلىقى پاش قىلىنغانىدى.

نۆۋەتتە پۈتۈن دۇنيادىكى پەمىدۇر قىيامى مەھسۇلاتىنىڭ تەخمىنەن 25% ى ئىرقىي قىرغىنچىلىق داۋاملىشىۋاتقان شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەپچىقىرىلماقتا .


SIONAL-EXECUTIVE
SSION ON CHINA

UAL REPORT

2024


# ئامېرىكىنىڭ يىللىق دوكلاتى خىتاينىڭ تۇرلۇك جىنايەتلىرىگە مەركەزلەشتى

**ئامېرىكا پارلامېنتىنىڭ خىتاي ئىشلىرى ئىجرائىيە كومىتېتى ئېلان قىلغان خىتاي ھەققىدىكى يىللىق دوكلاتتا، غەرب شىركەتلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا داۋام قىلىۋاتقان مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىلىشى، خىتاينىڭ مەجبۇرىي ئىچكى ئەزا يىغىۋېلىش جىنايىتى ۋە باشقا ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكىگە ئالاھىدە مەركەزلەشكەن.**

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ ئالاقىدار خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا پارلامېنتىنىڭ خىتاي ئىشلىرى ئىجرائىيە كومىتېتى (CECC) 20-دېكابىر خىتاينىڭ ئىنسان ھەقلىرى ۋەزىيىتى ۋە قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى 2024-يىللىق دوكلاتىنى ئېلان قىلغان. دوكلاتنىڭ ئاساسلىق نۇقتىسى خىتايدا داۋام قىلىۋاتقان ئىنسانىي ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە، بولۇپمۇ تەمىنلەش زەنجىرىدىكى مەجبۇرىي ئەمگەككە مەركەزلەشكەن. دوكلات شىركەتلەرنىڭ تەمىنلەش زەنجىرى ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ سېتىۋېلىش مەنبەلىرىدە مەجبۇرىي ئەمگەكنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىغان.

ئامېرىكا پارلامېنتى خىتاي ئىشلىرى ئىجرائىيە كومىتېتى مەجبۇرىي ئەمگەككە دىققەت قىلغاندىن باشقا،






خىتاي كوممۇنىست رېجىمىنىڭ «ئىچكى ئەزا يىغىۋېلىش» جىنايىتى دوكلاتىنىڭ قىسقىچە بايان بۆلىكىدە 16 قېتىم، پۈتۈن دوكلاتتا 42 قېتىم تىلغا ئېلىنغان.

315 بەتلىك يىللىق دوكلاتتا يەنە 2024-يىلى خىتاينىڭ ئىنسانىي ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكنى چەكلەش جىنايىتىنىڭ داۋاملىق ئېغىرلاشقانلىقى تىلغا ئېلىنغان. دوكلاتتا خىتاينىڭ سۆز ئەركىنلىكى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ۋە پۇقرالار جەمئىيىتىنىڭ ئەركىنلىكىنى چەكلەش، ئەدلىيە ۋە قانۇن ئىجرا قىلىش جەھەتتىن كەمسىتىش، خورلاش ۋە ئادەم ئەتكەسچىلىكى، ئىشچىلارنىڭ ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىش قاتارلىق ھەر قايسى تەرەپلەردە پۇقرالارنىڭ ھوقۇقىنى باستۇرۇش قىلمىشلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. بولۇپمۇ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، خوڭكوڭ ۋە ئاۋمېن قاتارلىق رايونلاردىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى مۇھىم نۇقتا سۈپىتىدە بايان قىلىنغان.

دوكلاتتا يەنە سىياسىي ۋە دىنىي مەسىلىلەر باھانىسى بىلەن تۇتقۇن قىلىنغان ۋە تۈرمىدە يېتىۋاتقان تەتقىقاتچىلار، ژۇرنالىستلار، پائالىيەتچىلەر، جۈملىدىن پروفېسسور دوكتور راھىلە داۋۇت قاتارلىقلار تىلغا ئېلىنغان.




# ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ دوكلاتىدا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە ئالاھىدە ئورۇن بېرىلدى

**ئامېرىكا** دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ 18-دېكابىر ئېلان قىلغان «ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەربىي ۋە بىخەتەرلىك تەرەققىياتى» ناملىق دوكلاتى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى خەلقئارالىق بىخەتەرلىك ۋە گېئوپولىتىكىلىق نۇقتىدىن **تىلغا ئالغان ئەڭ مۇھىم رەسمىي ھۆججەتلەرنىڭ بىرى، دەپ قارالماقتا.**


ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى ئېلان قىلغان 2024-يىللىق دوكلاتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە بولغان ئەھمىيىتى ھەققىدە ماقالە ئېلان قىلغان بولۇپ، مەزكۇر دوكلاتنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى ئەھمىيىتى، ئۇزۇن ۋە قىسقا مەزگىللىك تەسىرى قاتارلىق جەھەتلەردىن تەپسىلىي توختالغان.




ماقالىدە مەزكۇر دوكلاتنىڭ ختاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 75 يىللىقى بولغان 2024-يىلى ئېلان قىلىنىشىنىڭ ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى، بۇ مەزگىلنىڭ يەنە خەلقئارالىق سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ مۇرەككەپ ئۆزگىرىش باسقۇچىغا كىرگەن ۋاقتىغا توغرا كەلگەنلىكى كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن.

ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، ختاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ پەقەت ئىچكى بىخەتەرلىك مەسىلىسىلا ئەمەس، بەلكى گېئوپولىتىكىلىق رىقابەتنىڭمۇ مەركىزىي نۇقتىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىكەن.

ماقالىدە مەزكۇر دوكلاتنىڭ قىسقا




ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك تەسىرى بولىدىغانلىقى، بۇ دوكلات سەۋەبلىك قىسقا مۇددەت ئىچىدە خەلقئارالىق جەمئىيەتنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا بولغان دىققىتىنىڭ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشى مۇمكىنلىكى، يېقىن كەلگۈسىدە ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ خىتايغا قاراتقان جازا تەدبىرلىرىنىڭ كۈچىيىشى مۇمكىنلىكى، دوكلاتتىكى دەلىل-ئىسپاتلار ئاساسىدا تېخىمۇ كۆپ خىتاي ئەمەلدارلىرى ۋە شىركەتلىرىنىڭ قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈلۈشى ۋە خەلقئارالىق شىركەتلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن چېكىنىش دولقۇنىنىڭ كۈچىيىشى مۇمكىنلىكى كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن.

دوكلاتنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تەسىرىنىڭ بولسا ئەڭ ئالدى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ گېئوپولىتىكىلىق ئورنىنىڭ تېخىمۇ مۇھىملىشىشىدا كۆرۈلىدىغانلىقى، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستانغا قاراتقان ئىستراتېگىيەلىك پىلانلىرى ۋە ھەربىي تەدبىرلىرىنىڭ رايوننى كەلگۈسىدىكى خەلقئارالىق رىقابەتنىڭ مەركىزىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدىغانلىقى، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى خىتايغا قارشى يېڭى ئىتتىپاقلارنىڭ شەكىللىنىشىگە



تۈرتكە بولۇشى مۇمكىنلىكى، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىنىڭ ئىنسان ھەقلىرى دائىرىسىدىن ھالقىپ، خەلقئارالىق بىخەتەرلىك ۋە گېئوپولىتىكىلىق مەسىلە سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىشىغا يول ئاچىدىغانلىقى تەكىتلەنگەن.

ماقالىنىڭ ئاخىرىدا مەزكۇر دوكلاتتا تىلغا ئېلىنغان پاكىتلار ۋە مەلۇماتلارنىڭ رەسمىي ھۆججەت ئىكەنلىكى، ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى بۇنى خەلقئارالىق سەھنىلەرگە ئېلىپ چىقىش، لوبىچىلىق قىلىش ۋە تەشۋىقات خىزمەتلىرىدە پايدىلىنالايدىغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە خەلقئارالىق تەشۋىقات ئىستراتېگىيەسىنىڭ يېڭىلىنىشى كېرەكلىكى، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار ئۆزئارا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، بىرلىككە كەلگەن ھەرىكەت پىلانى تۈزۈشى كېرەكلىكى تەۋسىيە قىلىنغان.

# خىتاي كانادانىڭ سەككىز خىتاي ئەمەلدارىنى جازالىغانلىقىغا قارشى ئۆچ ئالدى





**كانادا ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەتتىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىي ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە مۇناسىۋەتلىك سەككىز خىتاي ئەمەلدارىنى جازالاش تىزىملىكىگە كىرگۈزگەندىن كېيىن، خىتاي كانادادىكى مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار ۋە شەخسلەرگە جازا يۈرگۈزۈش ۋاستىسى بىلەن ئۆچ ئالدى.**

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، خىتاي 22-دېكابىر كانادادىكى شەرقىي تۈركىستان بىلەن تىبەتنىڭ ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىككى تەشكىلات ۋە 20 خادىمنى جازا تىزىملىكىگە كىرگۈزگەن بولۇپ، كانادا ھۆكۈمىتىنىڭ مۇشۇ ئاينىڭ بېشىدا شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەتكە چېتىشلىق سابىق ۋە نۆۋەتتە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان سەككىز خىتاي ئەمەلدارىنىڭ جازالىشىغا قارشى ئۆچ ئالغان. كانادا ھۆكۈمىتى 10-دېكابىر چېن چۈەنگو، ئەركىن تۇنىياز، شۆھرەت زاكىر







2024年12月21日

附件

反制清单

一、机构（共2家）

（一）加拿大“维吾尔人权倡导项目”（Uyghur Rights Advocacy Project）

（二）加拿大“加拿大西藏委员会”（Canada-Tibet Committee）

二、机构人员（共计20人）

（一）“维吾尔人权倡导项目”相关人员，包括执行主任穆罕默德·土赫提（Mehmet Tohti），政策及宣传主任贾丝明·凯因特（Jasmine Kainth），法律顾问戴维·马塔斯（David Matas），萨拉·泰什（Sarah Teich）、约翰·帕克（John Packer）、克莱夫·安斯利（Clive Ansley）、约纳·戴蒙德（Yonah Diamond）、贾丝廷·柏纳茨（Justine Bernatchez）、林登·达莱斯（Linden Dales），政策顾问查尔斯·伯顿（Charles Burton）、玛格丽特·麦凯格·约翰斯顿（Margarett Mccuaig Johnston）、马库斯·科尔加（Marcus Kolga）、斯科特·西蒙（Scott Simon），研究顾问康纳·希利（Conor Healy）、杰弗里·阿哈龙（Geoffrey Aharon）等，共15人

（二）“加拿大西藏委员会”相关人员，包括主席桑佩·拉隆巴（Samphe Lhalungpa），副主席路易莎·杜兰特（Luisa Durante），执行董事谢拉普·特钦（Sherap Therchin），董事艾丽莎·冯·拜尔（Eliza von Baeyer），社区活动经理永东丹增（Youngdoung Tenzin）等，共5人

编辑：北京日报客户端

UYGHUR
RIGHTS
ADVOCACY
PROJECT

COMITÉ
CANADA TIBET
COMMITTEE

قاتارلىق سەككىز خىتاي ئەمەلدارىغا جازا يۈرگۈزگەنىدى.

بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى 21-دېكابىر 15-نومۇرلۇق بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئاتالمىش «خىتاينىڭ چەت ئەلگە قارشى جازا قانۇنى»غا ئاساسەن، كانادادىكى «ئۇيغۇر ھوقۇقى تەشەببۇسى قۇرۇلۇشى»، «كانادا تىبەت كومىتېتى» ۋە بۇ ئىككى تەشكىلاتتا خىزمەت قىلىۋاتقان 20 خادىمغا جازا يۈرگۈزۈشنى قارار قىلغانلىقىنى، جازانىڭ شۇ كۈندىن باشلاپ ئىجرا قىلىنىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان.


# داخۇۋا شىركىتى شەرقىي تۈركىستاندىن چېكىنىپ چىقتى



**خىتاينىڭ خەيكاڭ شىركىتىدىن كېيىن داخۇۋا شىركىتىمۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئالاقىدار ئورۇنلار بىلەن تۈزگەن بەش تىجارەت تۈرىدىن چېكىنىپ چىققانلىقىنى ئېلان قىلدى.**

رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ 23-دېكابىر خەۋەر قىلىشىچە، داخۇۋا شىركىتى شېنجېن ئاكسىيە بازىرىغا يوللىغان ھۆججىتىدە: «بىر قىسىم تۈرلەر 2016-يىلىدىن 2017-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىمزالانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۆز ۋاقتىدا توختىتىلغان. يەنە بەزى تۈرلەر يەنىلا داۋام قىلماقتا». دېيىلگەن.

داخۇۋا چەكلىك شىركىتىنىڭ ئېيتىشىچە، شىركەت بۇ تۈرلەرنىڭ تىجارىتىنى توختاتماقچى بولغان بولۇپ، بۇنىڭغا ئالاقىدار مۈلۈكنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە قەرزنى ھەل قىلىش داۋاملاشماقتىكەن. ئەمما شىركەت شەرقىي تۈركىستاندىن چېكىنىش سەۋەبىنى ئېيتمىغان.




داخۋا شىركىتىنىڭ يۇقىرىقى باياناتى خىتاينىڭ يەنە بىر كۆزىتىش كامېرا ئىشلەپچىقارغۇچى شىركىتى خەيكاڭنىڭ مۇشۇ ئاينىڭ بېشىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئالاقىدار خىتاي دائىرىلىرى بىلەن تۈزگەن بەش تۈردىن چېكىنىپ چىققانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. خەيكاڭ شىركىتىمۇ ئەينى ۋاقىتتا چېكىنىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرمىگەن.

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى 2019-يىلى داخۋا ۋە باشقا يەتتە تېخنىكا شىركىتىنى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرگە قارىتىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە يۇقىرى تېخنىكىلىق نازارەت قىلمىشىغا چېتىشلىق بولۇش بىلەن ئەيىبلەپ، قارا تىزىملىككە كىرگۈزگەنىدى. داخۋا شىركىتى ئۆز ۋاقتىدا ئامېرىكىنىڭ قارارىنىڭ ھېچقانداق پاكىت ئاساسى يوق ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغانىدى.

ئەنگلىيە تۆۋەن پالاتاسىمۇ 2023-يىلى سېنتەبىر ئېيىدا داخۋا ۋە خەيكاڭ شىركىتىنى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشىغا ياردەملىشىش بىلەن ئەيىبلەپ، بىر قانۇن لايىھەسى ماقۇللىغانىدى. قانۇن لايىھەسىدە ئەنگلىيەنىڭ ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە ھەربىي بازىلىرىغا مەزكۇر خىتاي شىركەتلىرى ئىشلەپچىقارغان كامېرالارنى ئورنىتىشنى چەكلەش تەلەپ قىلىنغانىدى.

تەتقىقات ئورگانلىرى يەنە داخۋا شىركىتى ئىشلەپچىقارغان كامېرالارنىڭ ئىرق ۋە تېرە رەڭگىنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇر ۋە تىبەتلەرنىڭ چىرايىنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى بارلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققانىدى. داخۋا شىركىتىمۇ بۇنى ئېتىراپ قىلغانىدى.

# ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ باش ئىجراچىلىرىدىن بىرى بولغان چېن مىڭگونىڭ ئەملى ئۆستۈرۈلدى





**خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ باش ئىجراچىلىرىدىن بىرى بولغان ۋە بۇ سەۋەبلىك 2021-يىلى ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ جازا تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن چېن مىڭگو ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى»نىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارلىقىغا تەيىنلەنگەن.**

خىتاي خەلق تورىنىڭ خەۋرىدە قەيت قىلىنىشىچە، 27-دېكابىر ئۈرۈمچىدە ئاتالمىش «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش» تەشۋىقات ۋە تەربىيە پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، خەۋەردە چېن مىڭگو ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى» دەپ تونۇشتۇرۇلغان. خىتاينىڭ باشقا خەۋەر تور بەتلىرى بۇنى ئالاھىدە خەۋەر قىلغان.



خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئاساسلىقى ئۇيغۇرلار بولغان تۈركىي خەلقلەرگە قاراتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ئىجرا قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىغان چېن مىڭگو 2021-يىلىدىن 2024-يىلى 2-ئايغىچە ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت»نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە ج خ نازارىتىنىڭ نازىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە قويۇلغان. بۇ يىل 2-ئايدا ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى» دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ تەيىنلەنگەن. نۆۋەتتە بولسا ۋەزىپىسى تېخىمۇ ئۆستۈرۈلۈپ، ما شىگرۇينىڭ مۇئاۋىنى بولغان.

قولى ئۇيغۇرلارنىڭ بىلەن قېنى بويالغان چېن مىڭگو 2021-يىلى ياۋروپا ئىتتىپاقى تەرىپىدىن ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشتا مۇھىم رول ئويناش جىنايىتى بىلەن ئەيىبلىنىپ، جازا تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەنىدى.

ئالدىنقى ئايدا خىتاي ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى»نىڭ نازىرى پەن شىنى ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت»نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قىلىپ تەيىنلەپ، قورچاق ئەمەلدار مەردان مۇقىيتىنىڭ ئورنىغا قويغانىدى.

خىتاينىڭ يېقىنقى مەزگىللەردە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ئىجرا قىلىشتا باش رول ئوينىغان ھەمدە ج خ نازارىتىنىڭ نازىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن خىتاي ئەمەلدارلارنى ئارقا-ئارقىدىن ئۆستۈرۈشى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ داۋاملىق قاتتىق ئىجرا قىلىنىدىغانلىقىدىن شەپە بەرمەكتە.

# شەرقىي تۈركىستاندىن قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستانغا تۇتاشتۇرۇلىدىغان تۆمۈر يول تۈرى قوزغىتىلدى



**شەرقىي تۈركىستاندىن قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستانغا تۇتاشتۇرۇلىدىغان تۆمۈر يول قۇرۇلۇش تۈرىنى قوزغىتىش مۇراسىمى 27-دېكابىر قىرغىزىستاندا ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ 30 يىلغا يېقىن پىلانلانغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.**

خىتاي-ئوتتۇرا ئاسىيا باشلىقلار يىغىنى 2023-يىلى 18-مايدىن 19-مايغىچە شەنشىدە ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، يىغىندا «خىتاي-قىرغىزىستان-ئۆزبېكىستان تۆمۈر يولى» تۈرى ھەققىدە بىرلىك ھاسىل قىلىنغانىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە 2024-يىلى 6-ئىيۇن بېيجىڭدا ئاتالمىش «خىتاي-



قىرغىزىستان-ئۆزبېكىستان» تۆمۈر يول قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى ئۈچ تەرەپ ھۆكۈمەتلەر ئارا كېلىشىمنىڭ ئىمزا قويۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەنىدى. خىتاي خەلق تورىنىڭ ئالاقىدار خەۋىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، نۆۋەتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىغا قارىغاندا، تۆمۈر يول قۇرۇلۇشى 2025-يىلى 7-ئايدا رەسمىي باشلىنىدىكەن، قۇرۇلۇش ۋاقتى ئالتە يىل ئىكەن. مەزكۇر تۆمۈر يول قەشقەردىن باشلىنىپ، قىرغىزىستان ئارقىلىق ئۆزبېكىستان تەۋەسىگە كىرىدىغان بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 523 كىلومېتىر كېلىدىكەن. خەۋەردە شەرقىي تۈركىستاندىن ۋە خىتايدىن توشۇلغان تۈرلۈك مەھسۇلاتلارنىڭ بۇ تۆمۈر يول ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىگە تېخىمۇ تېز ۋە قولايلىق يېتىپ بارالايدىغانلىقى قەيت قىلىنغان. يېقىنقى يىللاردا خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەسىرى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان بولۇپ، سودا، ھەربىي، سىياسىي، ئاخبارات، مائارىپ قاتارلىق كۆپلىگەن ساھەلەرگە چېتىلماقتا. خىتاي بۇ ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدە خىتايغا قارشى ئاۋازلارنى بېسىقتۇرۇشقا، خۇسۇسەن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا.

ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى 2024-يىللىق دوكلاتىدا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگىمۇ ئالاھىدە ئورۇن بەرگەن بولۇپ، خىتاينىڭ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى ئارقىلىق، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى بىلەن مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتكەنلىكى، بۇ دۆلەتتىكى ئۇيغۇرلارنى نازارەت قىلىش ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن، ھەمكارلىق مېخانىزمىدىن پايدىلانغانلىقى قەيت قىلىنغانىدى.

# ئۇيغۇر قوماندان سۈرىيەدە دىۋىزىيە گېنېراللىقىغا تەيىنلەندى



**سۈرىيەدە ھەرىكەت قىلىۋاتقان تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى شام شۆبىسىنىڭ ھەربىي قوماندانى ئابدۇلئەزىز داۋۇت (زاھىد) سۈرىيە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ 133-دىۋىزىيە گېنېرالى بولۇپ تەيىنلەنگەن.**

گېنېرال زاھىد 1977-يىلى 3-ئاينىڭ 7-كۈنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاقسۇ شەھرىدىكى دىندار ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، 1996-يىلى قۇرئان كەرىمنى تاماملاپ مۇرەتتەپ قارى بولغان. 2021-يىلى سۈرىيەدە ھەربىي فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن بولۇپ، 2011-يىلدىن ھازىرغا قەدەر ھەربىي مەسئۇل ۋە قوماندانلىق ۋەزىپىلىرىنى ئۆتىگەن.

مەلۇم بولۇشچە، گېنېرال زاھىد 1996-يىلىدىن باشلاپ خىتايغا قارشى ھەرىكەتلەرنى داۋام قىلىپ كەلگەن بولۇپ، 2011-يىلىدىن باشلاپ تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسىنىڭ ئالدىنقى سېپىنىڭ مەسئۇلى بولغان، كېيىن سۈرىيەدە قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. بۇ جەرياندا 2013-يىلى ھەلەب شەھرى ئەتراپىدىكى ئىستراتېگىيەلىك ھەربىي گازارمىلارنى ئەسەد ئارمىيەسىدىن قايتۇرۇۋېلىش، 2015-يىلىدىكى جىسىر شۇغۇر شەھرى ۋە ئەبۇ زۇھۇر ھەربىي ئايرودۇرۇمنى قايتۇرۇۋېلىش، 2016-يىلىدىكى ھەلەب شەھرى مۇھاسىرىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈش، 2018-يىلىدىكى سۈراقىبىنىڭ شەرقىي شىمالىي رايونى جېڭى، 2020-يىلىدىكى نېيرابنى قايتۇرۇۋېلىش ۋە جەبەل زاۋىيە رايونلىرىدا يۈز بەرگەن شىددەتلىك جەڭلەردە ھەربىي قوماندان بولۇپ، نەتىجىسى ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن. 2024-يىلى 11-ئاينىڭ ئاخىرىدا باشلانغان «تاجاۋۇزچىلارنى چېكىندۈرۈش» ھەربىي ھەرىكىتىدە ئىدلىب فرونتىنىڭ باش قوماندانى بولغان. پايتەخت دەمەشقنى فەتھى قىلىش ئۈچۈن يول ئېچىشقا سەۋەب بولغان ئىدلىبنىڭ جەنۇبىي ھاما ۋە ھومۇس ۋىلايەتلىرىدىكى جەڭلەرگە بىۋاستە قوماندانلىق قىلىپ، زور ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرگەن.

سۈرىيەنىڭ يېڭى ھاكىمىيەت سېپىدە ئۇيغۇر قوماندانىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ۋەزىپىگە قويۇلۇشى خەلقئارانىڭ كۈچلۈك دىققىتىنى قوزغىغان ۋە خىتاينى قاتتىق بىئارام قىلغان بولۇپ، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى باياناتچىسى ماۋ نىڭ 31-دېكابىر رويتېرس ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى سوئالىغا جاۋاب بېرىپ: «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى خىتاي تەرىپىدىن قانۇن بويىچە بېكىتىلگەن ۋە ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن تېررورلۇق تەشكىلاتى. خەلقئارا جەمئىيەت شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ زوراۋانلىق ۋە تېررورلۇق خاراكتېرىنى تولۇق تونۇپ يېتىشى ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي زەربە بېرىشى كېرەك» دەپ بىلجىرلىدى.

# خىتاي خوتەن ۋىلايىتىدە يېڭىدىن ئىككى ناھىيە تەسىس قىلدى




**خىتاي شەرقىي تۈركىستاننىڭ خوتەن ۋىلايىتىدە يېڭىدىن ئىككى ناھىيە تەسىس قىلغان بولۇپ، ھەر ئىككىلىسىگە خىتايچە نام بېرىلگەن.**

ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت»نىڭ ئورگان تورىدا 27-ئېلان قىلىنغان ئۇقتۇرۇشتىن مەلۇم بولۇشىچە، خوتەن ۋىلايىتىدە ئىككى ناھىيە يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان بولۇپ، خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزى كومىتېتى ۋە دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى تەرىپىدىن تەستىقلانغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.

قەيت قىلىنىشىچە، «خېيئەن ناھىيەسى» ۋە «خېكاڭ ناھىيەسى» دەپ خىتايچە نام بېرىلىپ، يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان ئىككى ناھىيە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدىكەن. ئالاقىدار ئۇقتۇرۇشتا خېيئەن ناھىيەلىك ھۆكۈمەتنىڭ خوتەن ناھىيەسىدىكى يۇلغۇن بازىرىغا، خېكاڭ ناھىيەلىك ھۆكۈمەتنىڭ بولسا گۇما ناھىيەسىدىكى شەيدۇللاھ بازىرىغا جايلىشىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلغان.



新华每日电讯
XINHUA DAILY TELEGRAPH

首页 > 正文

2024
12/28
09:50
来源
新华每日电讯2版 要闻

## 新疆新设和安县、和康县

新华社乌鲁木齐12月27日电（记者潘莹）新疆维吾尔自治区人民政府12月27日发布：经党中央、国务院批准，设立和安县，和安县人民政府驻红柳镇，和安县由和田地区管辖。经党中央、国务院批准，设立和康县，和康县人民政府驻赛图拉镇，和康县由和田地区管辖。

Copyright © 2000 - 2024 XINHUANET.com All Rights Reserved.

خىتاي شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغاندىن تارتىپ، ھەرقايسى ناھىيە-ۋىلايەتلەردە مەمۇرىي رايونلارنىڭ نامىنى ۋە تەۋەلىكىنى قالايمىقان ئۆزگەرتىش، خىتايچىلاشتۇرۇش، كۆپەيتىش ياكى قىسقارتىش قاتارلىق قىلمىشلىرىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. خىتاينىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى ئەمەلىيەتتە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىشغالىيىتىنى پەردازلاش، نوپۇس قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىش، كونتروللۇق ۋە نازارەتنى كۈچەيتىش قاتارلىق مەقسەتلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلماقتا.



# ساكاريا ئۇنىۋېرسىتېتىدا شەرقىي تۈركىستان تېمىسىدىكى يىغىننىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشىغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزۈلدى




«سۆز ۋە قەلەم» ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى ئىجتىمائىي تاراتقۇ ھېسابىدا بىلدۈرۈشىچە، مەزكۇر ئۇيۇشما ئورۇنلاشتۇرغان «شەرقىي تۈركىستان» تېمىسىدىكى يىغىن مۇستەقىل تەتقىقاتچى ئابدۇللاھ ئوغۇز ئەپەندىنىڭ تەكلىپلىك قاتنىششى بىلەن 25-دېكابىر ئۆتكۈزۈلدىغان بولۇپ، بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا ئېلانى تارقىتىلغان. ئەمما شۇ كۈنى يىغىن باشلىنىشقا 15 مىنۇت قالغاندا مەكتەپ مۇدىرىيىتى تەرىپىدىن سەۋەبسىزلا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى ئۇقتۇرۇلغان.

بۇ كۈتۈلمىگەن قارار «سۆز ۋە قەلەم» ئۇيۇشمىسىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىغان بولۇپ،



بۇ ھەقتە دەرھال نارازىلىق باياناتى ئېلان قىلغان. باياناتتا مەكتەپ مۇدىرىيىتىنىڭ يىغىلىشنى سەۋەبسىز ئەمەلدىن قالدۇرۇشى قاتتىق ئەيىبلەنگەن ھەمدە ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ يىغىنغا بىر قانچە ھەپتە ئىلگىرى تەييارلىق قىلغانلىقى، بۇ ھەقتە ئۇنىۋېرستېت رەھبەرلىرىنىڭ رەسمىي رۇخسىتىنى ئالغانلىقى، ئەمما يىغىننىڭ بارلىق تەييارلىقى پۈتۈپ، باشلىنىشىقا ئاز قالغاندا، مەكتەپ مۇدىرىيىتىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن يىغىن ئۆتكۈزۈلىدىغان زالنىڭ چىرىغى ئۆچۈرۈۋېتىلگەنلىكى، يۈزلىگەن ئوقۇغۇچىنىڭ ئۇنىۋېرستېتتىكى ئامانلىق قوغدىغۇچىلار تەرىپىدىن يىغىن زالىدىن مەجبۇرىي چىقىرىۋېتىلگەنلىكى بايان قىلىنغان.

باياناتتا يەنە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇنىۋېرستېت رەھبەرلىكىنىڭ قارارىدىن قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەنلىكى، ئۆزلىرىنىڭ ھەر دائىم ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىنى قوللايدىغانلىقى، يېنىدا تۇرىدىغانلىقى، ئۇيغۇرلارنى قوللاش سەۋەبلىك دۇچ كەلگەن بېسىمنىڭ ئۆزلىرىنى قورقۇتالمايدىغانلىقى تەكىتلەنگەن.

ئۇنىۋېرستېت ئوقۇغۇچىلىرى يەنە 28-دېكابىر ئۇنىۋېرستېت مۇدىرىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان تېمىسىدىكى يىغىننى سەۋەبسىز ئەمەلدىن قالدۇرۇش قىلمىشىغا قارشى مەكتەپ قورۇسىدا نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزگەن. نامايىشقا قاتناشقان ئوقۇغۇچىلار «شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي رېجىمىغا قارشىمىز» دېگەن شوئار يېزىلغان پىلاكاتنى كۆتۈرۈپ، شەرقىي تۈركىستاننى، ئۇيغۇرلارنى قوللاش مەزمۇنىدىكى شوئارلارنى توۋلاشقان.

# شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ 11-قېتىملىق شۇرا يىغىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتى



**شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ 11-قېتىملىق شۇرا يىغىنى 28- 29-دېكابىر كۈنلىرى ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزۈلدى.**

يىغىندا 2024-يىللىق خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلگەندىن كېيىن، بىر يىللىق خىزمەت جەريانىدا ساقلانغان مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى ۋە شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى ۋە ئۆلىمالارنىڭ رولى، ئۆلىمالار دۇچ



كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقلار، مۇھاجىرەتتە قىلىشقا تېگىشلىك خىزمەتلەر قاتارلىق تېمىلار مۇزاكىرە قىلىندى.

29-دېكابىر چۈشتىن بۇرۇن مۇھاكىمە ۋە مۇنازىرە ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىنى، بىرلىك ئەزالىرى ۋە خەلقتىن تاپشۇرۇۋالغان تەكلىپلەرنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا، ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ ئىلگىرىكى نىزامنامىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. ئاخىردا تۈزىتىلگەن نىزامنامە ئاۋازغا قويۇلۇپ، بىرلىك ئەزالىرىنىڭ بىردەك قوللىشى بىلەن ماقۇللاندى.






بۇ قېتىملىق يىغىندا ياشلارنى يېتەكلەش مەقسىتىدە ئۆلىمالار بىرلىكىگە يېڭىدىن «ياشلارنى يېتەكلەش بۆلۈمى» تەسىس قىلىندى. بىرلىكنىڭ قارمىقىدىكى دەۋەت بۆلۈمى، پەتىۋا بۆلۈمى، تەلىم-تەربىيە بۆلۈمى، بايانات بۆلۈمى، ئىقتىساد بۆلۈمى، تەشكىلاتلار ئارا مۇناسىۋەت بۆلۈمى، تەتقىقات بۆلۈمى ئەزالىرى ئۈچۈن ئايرىم-ئايرىم مۇزاكىرە يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇلدى. بۇ جەرياندا ھەرقايسى بۆلۈملەر 2025-يىللىق خىزمەت پىلانى تۈزۈپ چىقتى.

ئاخىرىدا شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ رەئىسى دوكتور ئالىمجان بۇغدا مۇزاكىرىلەرگە ئاساسەن، ئۆلىمالار بىرلىكى 2025-يىلىدا ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغان خىزمەتلەر ھەققىدىكى قارارنى ئېلان قىلدى.

قاراردا شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ، بولۇپمۇ مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېتىقادى، ئەخلاق-پەزىلەتلىرى، مىللىي ئۆرپ-ئادەت ۋە ئەنئەنىلىرىنىڭ قوغدىلىشى ۋە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىسلاھاتى ئۈچۈن بارلىق تىرىشچانلىقىنى كۆرسىتىدىغانلىقى، ئۆلىمالار بىرلىكى




تەشكىلاتلار ئارا مۇناسىۋەت بۆلۈمىنىڭ خىزمىتىنى جانلاندۇرۇپ، تۈركىيە سىرتىدىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىشكە ھەرىكەت قىلىدىغانلىقى، مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ بارلىق خىزمەتلىرى ۋە پائالىيەتلىرىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئېلىپ بېرىش ھەققىدىكى تەشۋىقاتنى كۈچەيتىدىغانلىقى، خەلق بىلەن ئۆلىمالارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۈچلەندۈرۈش ھەرىكىتىنى جانلاندۇرىدىغانلىقى، ئىستانبۇلدىكى ئۇيغۇر مەكتەپ ۋە مەدرىسەلىردە دىنىي، مىللىي قىممەت قاراش ئېڭىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن قەرەللىك تەربىيە پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەيدىغانلىقى، دەۋەت ئۇسلۇبى ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنىڭ قەلبىگە دىن، ۋەتەن ۋە مىللەت تۇيغۇسىنى سىڭدۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقى، ھەر قايسى دەرىجىلىك مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا قاراتمىلىق خىزمەتلەرنى كۈچەيتىدىغانلىقى تەكىتلەندى.

ISTIQLAL

DOĞU TÜRKİSTAN
BASIN VE MEDYA DERNEĞİ
شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيتى
جمعية تركستان الشرقية للصحافة والإعلام
EAST TURKISTAN PRESS AND MEDIA ASSOCIATION

# شەرقىي تۈركىستاندا نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟

## بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى يالغان ئۇچۇرلىرى ۋە كۆز بوياmچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.


www.istiqlalhaber.com I www.istiqlalmedia.com

IstiqlalTV info@istiqlalmedia.com

Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dükkan 2 Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL

+90 212 540 31 15 +90 553 895 19 33 +90 541 797 77 00